مومان ئېيتقان ھېكايىلەر

# ئىناق بولۇڭلار

تۈزگۈچى: ئېلى ھاشىم
رەسىمنى سىزغۇچى: ئەنۋەر ھاشىم



تىل راۋان
Til Rawan



بىر ئادەمنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ،
ئۇلار بىر – بىرى بىلەن زادىلا
ئىناق پېتىشمايدىكەن، دائىم ئۆز
ئارا ئۇرۇشۇپ قالىدىكەن. دادىسى
ئوغۇللىرىغا كۆپ قېتىم نەسىھەت
قىپتۇ. بىراق، ئۇلار يەنە زادىلا
ئىناق ئۆتەلمەپتۇ.

تىل راۋان
Til Rawan



بىر كۈنى دادىسى بىر باغلام
چىۋىقنى ئەكېلىپ، بالىلىرىنى
چاقىرتىپتۇ — دە:
- ماۋۇ بىر باغلام چىۋىقنى قايسىڭلار
سۇندۇرالايسىلەر؟ - دەپتۇ.



باللىرى ھەر قانچە قىلىپمۇ
سۇندۇرالماپتۇ.



دادىسى چېۋىقنى ئۇلارغا بىردىن —
بىردىن بېرىپ:
- ئەمدى سۇندۇرۇپ بېقىڭلار! — دەپتۇ.
بالىلىرى قاراس — قۇرۇس قىلىپ
بىردەمدىلا سۇندۇرۇپ بوپتۇ.



- كۆردىڭلارمۇ بالىلىرىم؟ ئىتتىپاقلىق —
كۈچ. سىلەر بىر — بىرىڭلار بىلەن ئىناق
بولۇپ، بىر — بىرىڭلارنى قەدىرلەپ
ئۆتسەڭلار، سىلەرنى ھېچكىم بوزەك
قىلالمايدۇ، ھەرگىزمۇ يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر
جېدەل، غوۋغا چىقىرىپ، قۇمدەك
چېچىلىپ يۈرسەڭلار، باشقىلار سىلەرنى
ئوڭايلا يېڭىدۇ ھەم ھالاك قىلىدۇ! — دەپتۇ
دادىسى.

تىل راۋان
Til Rawan



باللرى شۇنڭدن كېين ناهايتى ئناق ئۆتوٰشوٰپتۇ. «ئتتپاقلق — كوٰچ» دېگەن سۆزنى مۇشۇ باللار تارقاتقانكەن.